ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

1993
يىل
14-ئاۋغۇست
شەنبە
№32
(3686)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 - يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقۋاتىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى ھەپتىلىك گېزىت

## بۇگۈنكى سان

سەھىپىلەردە:

2- بەت
خەلق تەغدىرى ھەممىمىز ئۈچۈن ئۇمۇمىي مەسلە

3 - بەت
قۇرئان ھېكايەتلىرى

4 - بەت
تونۇشۇڭ، يېڭى شېركەت

5 - بەت
كەمتەرىن ئىدى

6 - بەت
تالانتقا پەرۋاز ھامان يار

7 - بەت
رەقىپلەرنى قالدۇرۇپ داغدا

8 - بەت
مەھمۇت قەشقەرىي مەقبىرىسى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى

9 - بەت
سۇلتان مۇھەممەت يۇسۇپىي:
قەلب ساداسى

10 - بەت
ساختا چەكسىزلىك ۋە ھەقىقىي چەكسىزلىك

11 - بەت
دوڭگە زىقتىش
(ھېكايە)
ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

12 - بەت
جىنايىي ئىشلار خەۋەرلىرى.

ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىنىڭ ئېگىلىكلىرى يەم-چوپ تەييارلاش
نى زوقۇرى سۈرئەتلەر بىلەن ئې
لىپ بارماقتا. ئېگىلىك بويىچە
38 مىڭ توننا ئورنىغا ھازىرنىڭ
ئۆزىدە 50 مىڭ توننا مال ئوزۇ
غى تەييارلاندى. بۇ مۇۋاپپەقى-
يەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە «يېگە
شەر» ئوقۇش-تەجرىبە ئېگىلى-
گى ناھىيە بويىچە ئالدىدا بارماق
تا. ئۇلار ھازىرغىچە 9 مىڭ تو
ننا چوپ تەييارلاشقا مۇۋاپپەق
بولدى.

يەم-چوپ تەييارلاشتا «تۇر
گۈن» بىرلەشكەن ئاكسونېرلىق
مەھكىمىسىمۇ پىلانىدىكى 4،7 مىڭ
توننا ئورنىغا 7،5 مىڭ تونناچوپ
تەييارلىدى. ناھىيەدىكى «كوكتو
بە» سوۋخوزىمۇ خۇددىي شۇن-
داق مۇۋاپپەقىيەتكە يېتىشتى.

* * *

ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىگە قاراش
لىق تاشكەنساز يېزىسىنىڭ كوكتات-
چىلىرى ئوزلىرى ئوستۇرگەن كوك-
تات زىرائەتلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا
قىزغىن كىرىشتى.

سۈرەتلەردە: 1. كوكتاتچىلار
(سولدىن ئوڭغا) ر. زوخۇرشايېۋا،
ئا. كىبىروۋا. 2. (سولدىن) شوفيور
ئا. ئاسلاموۋ، ئا. شەرىپوۋ ۋە ئا.
زائىتوۋلار.

ر. يۇسۇپوۋنىڭ سۈرەتلىرى.

* * *





## تېچلىق نامايىشى

6-ئاۋغۇست كۈنى «ئاتتان» خە
لق شتابى ۋە خەلق ئارا شەرقىي
تۈركىستان كومىتېتىنىڭ تەشەببۇ-
سى، شۇنداقلا ئالمۇتا شەھىرى ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر-قازاق
جامائەتچىلىگىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن
پايتەختتىكى ختاي ئەلچىخانىس-
نىڭ ئالدىدا تېچلىق نامايىشى
بولدى.
نامايىشقا شۇنداقلا «ئازات»،
«جېلتوقسان»، «خەلق كونگرېس-
سى» پارتىيەلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلار
نىڭ دولەتلەر ئارا ئىتتىپاقىنىڭ ۋە
كىللىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى.
تېچلىق نامايىشىنىڭ ئاساسىي مەخ
ستى-ختايدا ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ
دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىغىنى توختە
تىشنى، لوبنۇر پولىگونىدا يادرو
سىناقلىرىنى توختىتىشنى، تۇغۇتنى
چەكلەشنى توختىتىشنى، شەرقىي تۈ
ركىستانغا ختايلارنىڭ ئاممىۋىي كو
چۈپ چىقىشىنى توختىتىشنى تەلەپ
قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.
ئامما تەلەپلەرنى ختاي ئەلچە-
خانىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئىشىك-دې
رىزىلىرىنى يېپىۋېلىپ، بىر ئېغىزمۇ
جاۋاپ بەرمەي كۈتىۋالدى. ئۇلار-
نىڭ بۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن كۈ-
تىۋېلىشىدىن نامايىش قاتناشچىلىرى
ئىنتايىن قاتتىق نارازى بولدى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز.)

### قونايېۋ جەمخۇرمىسى ئېچىلدى

ئوتكەن يىلى د. قونايېۋ ئوزبە-
كىستاننىڭ جىززاق شەھرىدە بو-
لۇپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ سابىق بىرىن-
چى سېكرېتارى ش. رەشىدوۋنىڭ شە
رىپىگە بېغىشلانغان ئەتتەنلىك بايرام
غا ئىشتىراك قىلغان ئىدى. ئەينە شۇ
چاغدا ئوزبەك دوستلار قونايېۋ جۇم
خۇرمىسىنىڭ بولۇمى ئوزبەكىستان-
دىمۇ ئېچىلسا، دېگەن تىلەكلىرىنى
بىلدۈرگەن ئىدى. يېقىندا تاشكەنتتە
كى ئوزبەكىستان كىنو خادىملىرى ئو
يىدە خەلق ئارا قونايېۋ جۇمخۇر-
مىسىنىڭ ئوزبەكىستاندىكى بولۇم-
نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى بولۇپ
ئوتتى.
تونۇلغان يازغۇچى ۋە دولەت
ئەربابى ش. رەشىدوۋ جەمخۇرمى-
سىنىڭ رەئىسى ئو. موھەممەدىيېۋ،
جەنۇبىي قازاقىستاندىكى قونايېۋ
جۇمخۇرمىسىنىڭ رەئىسى ت. ئازار
بېكوۋ، شۇنداقلا ئاتاقلىق كومپوزى-
تورلار ئىسكەندەر خاسانغالىيېۋ بى-
لەن شەمىل ئەبىلتايېۋلار جەمخۇر-
مە بولۇمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا
سۆزگە چىقتى.
قونايېۋ جەمخۇرمىسىنىڭ ئوزبە-
كىستاندىكى بولۇمىنىڭ رەئىسى بو-
لۇپ قارىسباي تەجىنوۋ سايلاندى.

## ئۇچۇر ئۇچقۇنلىرى

بېيجىندا «ختاي ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيا: تەرەققىيات ۋە دوست-
لۇق» ناملىق خەلق ئارا ئەنجۇ
مەن ئېچىلدى.

ئۇچرىشىشتا ئاتاقلىق ختاي
خەلق ئارا مۇناسىۋەتلەر مۇ-
تەخەسسىسى سيۇي تاڭ ختاي
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەت-
لىرىنىڭ توپ مەنپىيتى ئويغۇن
ئېكەنلىگىنى تەكىتلىدى، قازاق-
ستاننىڭ ستراتېگىيەلىك تەتقى-
قات مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ئو.
قاسېنوۋ سوز سوزلىدى.

* * *

نامەلۇم ھاۋا قاراقچىلىرى خ
تاي ھاۋا كومپانىيەسىنىڭ «بو-
ئىنگ -767» يولۇۋچىلار سامو-
ليوتىنى ئېلىپ قاچقان.

ئۇ بېيجىندىن جاكارتىغا قاراپ
يولغا چىققان ئىدى. مەلۇماتلار-
غا قارىغاندا، ئۇ تەيۋەنىنىڭ تەي-
بەي ئائېرودرومىغا قونغان ئوخ-
شايدۇ.

* * *

تەيۋەن مۇستەقىل مەملىكەت-
لەر بىلەن دوستلۇق ۋە ھەمكار-
لىقنى چىڭىتىش ئارقىلىق ئوز
تېخنولوگىيەسىنى رىۋاجلاندۇرۇ
شنى مەخسەت قىلماقتا.

بۇ يونىلىشتە تەيۋەننى سا-
بىق كېڭەش ئىتتىپاقى تېخنولو-
گىيەسى ئەمەس، ھازىرقى مدھ
دولەتلىرىگە كېلىۋاتقان «ئاۋ-
خاۋ» قىزىقتۇرماقتا.

* * *

ختاي، روسسىيە ۋە ئاقش
ئامېرىكىنىڭ «موتورولا» كومپا-
نىيەسى بىلەن 2002- يىلغا قە-
دەر 66سۇنئىي ھەمرا ئۇچرىدۇ.

* * *

قىرغىزستان پايتەختىدە 30
گراناتنى سېتىۋاتقان جىنايەتچى-
لەر قولغا ئېلىندى.

بۇ ئاپەتلىك قۇراللارنىڭ قا-
زاقستاندىكى ھەربىي بولۇنمە-
لەردىن ئېلىپ كېتىلگەنلىگى مە-
لۇم بولدى. ھازىر جىنايىي ئىش
قوزغالدى.

* * *

كېيىنكى ئون ئىككى كۈن دا
ۋامىدا باغدادنىڭ جەنۇبىدىكى
ئىككى راكېتا سىناق مەيدانىغا ئا
لتە سىنالغۇ ئورناتقان بمتنىڭ
مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئوز
ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاپ، بەھرەين
گە ئۇچۇپ چىقتى، دەپ خەۋەر
لەيدۇ فرانس پرېسس ئەخبارات
ئاگېنتلىغى.

# دوتگە ژۇقتىش

(ھېكايە)

سېلىمنىڭ غۇلجىدىن ئالمۇتىدىكى ئىنىسى ھېلىمنىڭ ئۆيىگە چىققىنىغا بىر ھەپتىدىن ئېشىپ قالدى. تەغدىر تەقازاسى بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇز ژىللىق جۇدالىقتىن كېيىن دىدارلاشقىنى ئۈچۈنمۇ سوراق-جاۋاپلىق گەپ - سوزلىرى تۈگەر ئەمەس.

ھېلىم بولۇپمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن غۇلجىنىڭ قىياپىتىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خۇددى ژىپقا تىزىلغان مونچاقتەك سوئاللىرىغا ئىدىتلاپ جاۋاپ ئالاتتى. باللىق چاغلىرىدىكى ھېچ نىمىدىن غېمى يوق، بىر پارچە قورۇق ئاننى قوينىغا سېلىپ ئويناپ ئۆتكۈزگەن كۈللىرى، ئېگىز تاملاردىن ئاتلىپ چۈشۈپ ئېخى پىشىپ ئۈلگۈرمىگەن غورۇلارنى چىشلىرى قاماپ كەتكىچە يېيىشىپ، راھەتلىنىشلىرىگىچە ئەسلىشەتتى.

- ئاڭلىشىمچە، ئاغىنەم رەجەپ غۇلجىدىكى كارخانىلارنىڭ بىرىگە باشلىق بولۇپتىدەك، شۇ راستمۇ؟- دېدى ھېلىم سوھبەتنىڭ يونىلىشى ئوزگۈرۈش بىلەن،- مېنى سوراپ قويامدۇ؟ ئادەملەرنىڭ مەنسۈپ ئورلىگەندە كونا دوستلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان؟- دەپ قوشۇپ قويدى.

- ياق، ئاكا، رەجەپ سېنى كورگەللا يەردە سوراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئوزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ژۇقۇرى تەشكىلاتچىلىق قابىلىيىتى ئارقىسىدا غوللۇق كادرلار سېپىگە ئوتۇپ، ئەمۇنلىك ئىشلەۋاتاتتى...

- نىمە، ھازىر ئۇلى ئىشىدىن ئېلىۋەتتىمۇ، يە بىرەر «قالپاق» كىيگۈزدىمۇ؟- ھېلىم ئوزىنىڭ ئەندىشىلىك سوئالى بىلەن ئىنىسىنىڭ سوزىنى بولىۋەتتى.

- ئىشتىنغۇ ھايدىغىنى يوق. بىراق،- سەل بوشۇشۇۋاراق قالدى سېلىم،- كۆتۈلمىگەندە ئۇنى «دوتگە ژىقىتىۋەتتى»، قارا.

- نىمە دەيسەنوي، ئوكام؟- بىردىن ھەجەپلەندى ھېلىم،- دوتگە ژىقىتقىنى نىمىسى؟ ئادەمنى دوتگىمۇ ژىقتامدۇ؟

- ئاكا، سەن ھەيران بولىۋاتىسەن، ھە؟- ئىراھلاشقا باشلىدى سېلىم،- بىزدە مىللىي كادرلارغا نىسبەتەن ئىشلىتىلىدىغان، «دوتگە ژىقتىش»، «يولۋاسنى تاغدىن يوتكەش» دېگەنگە ئوخشاش چارە-تەدبىرلەر مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟

- ئەستاخپۇرۇللا،- ھېلىمنىڭ ئېخىمۇ دىققىتى ئېشىپ كەتتى،- دوتگە ژىقتقىنى نىمىسى، يولۋاسىڭ نىمىسى؟ چۈشەندۈرۈۋەرەك سوزلىسەڭ؟

- قىسقىسى، ئاغىنەڭ رەجەپنى زاۋۇدنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىدىن كوتۇرۇپ زاۋۇد پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى- رەئىسى قىلىپ قويدى. «دوتگە ژىقتىقىنى» مانا شۇ.

- قىزىق ھە! خىزمەت ئورنىنى كوتەرسۇئۇ، «دوتگە ژىقتىسۇن» بۇلى قالداق چۈشىنىش كېرەك؟

- ئۈچۈ، ئاكا، مۇلداق دېگىنى،- ئاكىسىغا لەق گەپنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىگىنىگە خىجالەت بولغاندەك قىياپەتتە كىردى سېلىم،- ھازىر خىتايدا رەھبەرلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى پارتىيەدىن ھوكۈمەت باشلىقلىرىغا، زاۋۇد - فابرىكا، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوتمەكتە. شۇ سەۋەپلىك، خىتايلار ئەلدى ئېتى ئۇلۇق، سۈپۈرسى قۇرۇق بولۇپ قېلىۋاتقان پارتىيە شۇجىلىقلىرىنى مىللىيلارغا ئوتكۈزۈپ، ماددىي لەپ لەپىقلىق ئورۇنلارنى ئوزلىرى قولغا ئالماقتا. تاشقى جەھەتتىن ژۇقۇرى، ئىچكى جەھەتتىن ھېچ نەرسىنى ھەل قىلمايدىغان مەنسەپكە كوتۈرىشنى بىزدە «دوتگە ژىقتىش» دەپ ئاتايدۇ. شۇلارنىڭ بىرى ئەينە شۇ ئاغىنەڭ رەجەپ.

- ئەلدى چۈشەندىم،- دېدى ھېلىم ئاماكا ئوتاشتۇرۇپ، بىرئىككى شوراپ ئالغاندىن كېيىن، ئېغىر ئۇھ تارتىپ،- ھېلىمۇ رەجەپنى دوتگە ژىقتىپتۇ، ئەگەر ئۇيغا ژىقتقان بولسا، قالداقمۇ قىلاردى، بىچارە ...

ھەبىبۇللا مۇتەللىپ.

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

### ئۇ چاغدا ئوچۇرىۋېتىمەن

پادىشانىڭ تارىخچىسى بىر دەپتەرگە ئاخماقلارنىڭ ئىسمى ۋە قىلمىشىنى يېزىپ بارىدىكەن. بىر كۈنى پادىشا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

- ئاخماقلارنى تىزىملىغان دەپتىرىڭدە مېنىڭ ئىسمىم يوقتۇر؟

- بار تەخسىر،- دەپتۇ تارىخچى ئەدەپ بىلەن.

- قايسى قىلغان ئاخماقلىقىمغا ئىسمىمنى يازىسەن؟- دەپتۇ پادىشا ھەجەپلىنىپ.

- بۇلتۇر شەھەردىكى پالانى كاززاپ،-دەپ پادىشانىڭ يادىغا سالپتۇ تارىخچى، -بىر جۈپ ئېسىل ئارغىماق ئەكىلىپ بېرىمەن دېسە، بىر ئەچچە يۈز تىللانى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدىڭلا، قېنى ئە كىلىپ بەرگىنى؟ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاخماقلىق بولامدۇ؟

پادىشا ھودۇقۇپ قاپتۇ ۋە:

- ئۇ كاززاپ ئارغىماقنى ياكى تىللانى ئەكىلىپ بەرسىچۇ؟- دەپ سوراپتىكەن، تارىخچى جاۋاپ بېرىپتۇ:

- ئۇ ۋاقىتتا نامى شەرىپلىرىنى ئوچۇرىۋېتىمەن.

### مەن سېنى قاچان تاپقان

بىر ژىگىت يول ياقىسىدا تۇرغان ياش قىزغا چاقچاق قىلىپ پاراڭ سالغىلى تۇرۇپتىكەن، سەل ئېرىدا كېلىۋاتقان بوۋاي ژۈگۈرۈپ كېلىپ ئاچچىقى بىلەن:

- نىمە دەپ بىراۋنىڭ قىزىغا چاقچاق قىلىسەن؟-دەپتۇ.

- سىزنىڭ نىمە كارىڭىز؟- دەپتۇ ژىگىت ھېچ نەرسە بولمىغاندەك قىياپەتتە،- مەن گەپ قىلسام يات ئادەمگە گەپ قىلمىدىم، بۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ.

بوۋاينىڭ ئېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ساقاللىرىنى تىترىتىپ:

- بۇ مېنىڭ قىزىم، ئەگەر راستىنلا ئۇ سېنىڭ سىڭلىڭ بولسا، دەپ باقە، مەن سېنى قاچان تاپقان؟- دەپتۇ.

### باللۇرداق بىلگەن بولسامچۇ

بىر كىشى ھازازۇل خوتۇنىدىن زېرىكىپ ژۈرگىنىدە، ئايالى ئۇ يۇقىسىزدىن ئويىدىكى خىزمەتچى ئايالنى ماختاپ قاپتۇ:

- بىزنىڭ بۇ خىزمەتچىمىز قالتىس بەلەن ئايالدە! تاماققا ئۇستا، ئارتۇق گېپى يوق، ئۇنى-بۇنى دەپ ئادەمنىڭ بېشىنىمۇ قايمۇقتۇرمايدۇ ...

- ئىسىت، شۇ خوتۇننىڭ مىجەز-خۇلقىنى سېنى ئالماستىن بۇرۇن بىلگەن بولسامچۇ!



سۈرەتتە: ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى، پروفېسسور غازى ئەمەت «مۇقام» ناملىق چوڭ ھەجىملىك مايبوياق رەسمى بىلەن ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ تەڭ ژۇقۇرى موجۇزىسىنى بەرپا قىلدى.

### سەلەي چاققان سەيلىدە
### كوزىڭىزدىن ئېكەندە

ئوز مىللىتىنى كامسىتىش جىلۋىسىغا ئوزگىلەرگە «ياخشى» كورۈنۈپ ژۈرگەن بىر زىيالى سوۋەت سەلەي چاققانغا ئۇچرىشىپ قېلىپ دەپتۇ؟

- قاراڭ، سەلەيكا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنچە- مۇنچە نەرسىلەرنى پەرىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

-خەلقىمىزنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى كورەلمەسلىگىڭىزنى مەيكۈزىڭىزدىن دېسەم، بايا كوزىڭىزدىن ئېكەندە،- دەپ ئىزاھلاپتۇ سەلەي تەنىلىك كۈلۈپ.

### ئېپىزراق بولغاندا...

سەلەي چاققان گوش ئالماقچى بولۇپ بازارغا كىرسە، باھاسى ئىككى ھەسسە ئوسۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا قوسىغى كوپكەن سەلەي سۇلغۇن قىياپىدا قالغان- قۇتقان پارچە پۇللىرىنى جەملەپ، ساناشقا باشلاپتۇ.

- سەلەيكا،- دەپتۇ شۇ ئارىدا يۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغان «دوساق» لەقەملىك بايۋەچچە تولۇشى، مەسخىرىلىك بىلەن،- دۇئانغا بېرىسە ئالمايدىغان پۇللارنى ژىغىۋېلىپ نىمە قىلىۋاتىسىز؟

- ئەۋرەم پوكۈەك ئالغاچ كەل دېۋىدى. قارىسام، ئوزەڭ ئېيتقاندەك، بۇ پۇللارغا پوكۈەك كەلمىگۈدەك. شۇنىڭغا بولا يەل توشتۇرۇپ بەرسەم، بىر قېتىم بولسىمۇ ئېپىشكە يارار دەپ، دوساق ئالغىلىۋاتىمەن.

ئا. روزىيېۋ.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

گېزىت 1970 - يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى ھەپتىلىك گېزىت

1993
يىل
21-ئاۋغۇست
شەنبە
33№
(3687)
ئەركىن باھا

## قۇرۇلۇشچى

ھېتاخۇن ئەخمەتوۋنى چوڭ دېخان يېزىسىدا تونۇمايدىغان كىشى يوق. يۇرتداشلىرىنىڭ ئىززەت-ئىكرامىغا بولەنگەن ئۇ ئەجايىپ ئىشچان، تىنىپ-تىنچىماس قولى گۈل ئادەم. ھېتاخۇن ئەخمەتوۋ كوپچىلىكنىڭ بۇ خىل ھورمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئوزىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، سىلىق-سىپايە مۇئامىلىسى ئارقىسىدا يېتىشكەن.

بىز ھېتاخۇن ئەخمەتوۋ بىلەن «كوكباستاۋ» كولخوزىنىڭ ماشىنا-تراكتور رېمونت ئىشخانىسىدا ئۇچرىشىپ، سوھبەتلەشتۇق. ئۇ بۇ يەردىكى ئىككى خانلىق ئوينىڭ سوگاكچىلىقىنى قىلىۋاتقان ئېكەن.

- بۈگۈنكى ئىختىسادى ئېغىر شارائىتتا قانچە قىينالساقمۇ ئەل قاتارى بىر كىشىلىك ئىشىمىزنى قىلىۋاتىمىز، - دەپ باشلىدى ئۇ سوزىنى بىز بىلەن بولغان سوھبەت ۋاقتىدا، - بۇ قىيىنچىلىقلارمۇ ئوتۇپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، مەن ئويلايمەن ۋاقىتلىق ئوتكۈنچى نەرسىلەر. خۇدا بۇيرىسا، ھەممىسى ياخشى بولۇپ، كېتىدۇ. پاراۋەن تۇرمۇشقىمۇ يېتىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئەمگەك قىلىش كېرەك، ئەمگەك!..

ھە، بۈگۈنكى ئىختىسادى قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، ئەتىكى ياخشى كۈنلەرگە ئۈمۈت بىلەن قاراپ ئەمگەك قىلىپ كېلىۋاتقان ھېتاخۇن ئەخمەتوۋقا ئوخشاش ئادەملەر ئېگىلىكتە كوپلەپ سانىلىدۇ. سوھبەت داۋامىدا ھېتاخۇن ئەخمەتوۋ شەرقىي تۈركستاننىڭ گوزەل غۇلجا شەھرىدىن 1962-يىلى كېلىش ئىتتىپاقىغا كوچۈپ چىققانلىقىنى، شۇنىڭدىن بۇيان ئېگىلىكتە ھەر خىل ئىش ساھالىرىدا ئىشلىگەنلىگىنى، كېيىنكى ئون يىلدىن بۇيان قۇرۇلۇش برىگادىسىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئۇزۇن يىللىق ئەمگىگىنىڭ كولخوز رەھبەرلىگى تەرىپىدىن مۇناسىپ باھالىنىپ، كوپ قېتىم ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن تەغدىرلەنگەنلىگىنى پەخىرلىنىش بىلەن ئېيتىپ بەردى.

كولخوزنىڭ پرورابى ئىلفار قۇرۇلۇشچى ھېتاخۇن ئەخمەتوۋ ھەققىدە مۇنداق دېدى:

- بىز قۇرۇلۇشچى ھېتاخۇن ئاكا بىلەن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىمىز. چۈنكى ئۇنىڭغا قانداقلا ئىش تاپشۇرۇلمىسۇن، كوڭۈللىكىدەك ئاتقۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇ مەيلى سوگاقچىلىق، مەيلى تامچىلىق، مەيلى ياغاشچىلىق ئىش بولسۇن، ئوزىنىڭ ھەقىقىي ئۇستا ئېكەنلىگىنى كورسىتىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز مۇنداق ئەمگەكچان ئادەملىرىمىزگە رەخمەت ئېيتىشتىن باشقا سوز يوق.

ھېتاخۇن ئەخمەتوۋ ئائىلىسىدىمۇ ھورمەتلىك ئاتا. ئۇ ئومۇرلۈك رەپىقىسى مېرۋانەم بىلەن تورت پەرزەنتنى ئوستۇرۇپ، قاتارغا قوشتى، ئۇلارنى ئوي-ئوچاقلىق قىلىپ، نەۋرە سويدى.

ت. بېيشانوۋ.

ئۇيغۇر ناھيەسى.



باھارنىڭ ياشنىغان ھوسنى سەن ياشلىق،
ھاياتلىق بېغىنىڭ گۈلسەن ياشلىق.
دالىلارغا ئىنتىلىش، سويگۈ بېغىشلار،
كېلەچەك دەملەرنىڭ ھۇلسەن ياشلىق.

سەندىكى گوزەللىك قوزغاپ ئىشتىياق،
ئويغىتار بېقارار ئىشقى ۋە پىراق.
يامغۇردىن كېيىنكى ھاسان-ھۇسەندەك
نە ئەپسۇس، شۇنچە تېز ئوتسەن يىراق.

بۈگۈنكى سانىمىزدا:

2- بەت

ئاتىلار خاتىرىسى مەڭگۈلەشتۇرۇلدى.

3 - بەت

قۇرئان ھېكايەتلىرى

4 - بەت

ئىزدىنىش مېۋىسى

5 - بەت

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى

6-7- بەتلەر

مەشئەل

(رومانىدىن پارچە)

8 - بەت

«دوستلار سالامەت بولسا بەس!»

9 - بەت

ۋەتەنىنىڭ دەردىگە دەرمان...

10 - بەت

مىسرالاردا ئانا مېھرى بار

11 - بەت

ۋەتەنىنىڭ دەردىگە دەرمان...
29-ئاۋغۇست كۈنى ئالمۇتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە دەم ئېلىش پاركىدا ئۇيغۇر مەدەنىيتى كۈنى ئوتكۈزۈلىدۇ

ئالتۇن يارۇق

12 - بەت

ھەي هاراق، ھەي هاراق

(ھەجۋىيە)

## ئاخىرقى خەۋەرلەر

### دېخانلارنى خوشال قىلماقتا

ئۇيغۇر ناھيەسى «يولچى» كولخوزىنىڭ ئاردولاتا ئۇچاستكىسىدا ئاشلىق يىغىشتۇرۇش ئىشلىرى قىزغىن يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. مۇساخۇن ئاقسوپىيېۋ يېتەكچىلىك قىلىدىغان برىگادا كوللېكتىۋى بېيىل يۈز گېكتار كۈزلۈك بۇغداي بىلەن توققۇز گېكتار مەيدانىدىكى قىچا زىرائىتىنى ياخشى كۈتۈپ، مول ھوسۇل يېتىشتۇردى. ئېلىنىۋاتقان ھوسۇل دېخانلارنى خوشال قىلماقتا.

ئاشلىق يىغىشتۇرۇشتا مۇقاتاي مېيىنىلىيېۋ، مۇرتازا تۇردىخۇنوۋ، ئاتا-بالا ھېنپاخۇن، ھەمراجان ئاقسوپىيېۋلار بىلەن بارات ۋە ئەخمەتجان مۇخپۇلوۋلار جانپىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلماقتا.

### ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى

ناھيەنىڭ «كوكباستاۋ» كولخوزىنىڭ ئىلى دەرياسى بويىدا جەمىيەت مېلى ئۈچۈن مال ئوزۇغىنى تەييارلاشتا ئىختىسلاشتۇرۇلغان بىر برىگادا ئەمۇنىلىك ئەمگەك ئۈلگىسىنى كورسەتمەكتە. بۇ يەردىكى چوپ چېپىش ۋە يىغىش تېخنىكىلىرى توختاۋسىز ئىشلەۋاتىدۇ. چېپىلغان چوپ ئوز ۋاقتىدا مال بازىلىرىغا توشۇپ يەتكۈزۈلمەكتە. بۇ ئىشلاردا ساۋۇتبەك كۈدەكوۋ، توختاسىن ئىلىيېۋ، ئاسقار قۇلابايېۋ، ئارسلان باراتوۋ، ئېرغابىل بايغابىلوۋ، ئېرلان باۋبېكوۋ ئوخشاش مېخانىزاتورلارنىڭ شۇ كۈنلەردىكى تىرىشچانلىقىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

### قىيىنچىلىقلارغا قارىماي

ناھيەدىكى «قىزىل تۇغ» كولخوزىنىڭ ئەمگەكچىلىرى بۈگۈنكى ئىختىسادىي قىيىنچىلىق شارائىتىمۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، ئېتىزلىقلاردا مول ھوسۇل ئوستۇرمەكتە. كولخوزنىڭ تۇرسۇن ھەمرايېۋ رەھبەرلىگىدىكى قۇدۇق ئۇچاستكىسىدا كومۇقوناق، كوكتات ئوستۇرۇش بىلەن مال ئوزۇغىنى تەييارلاش ئىشلىرى سۈرئەتلىك يۈرگۈزۈلمەكتە.

بۇ يەردىكى تۇرسۇنجان جەلىلوۋنىڭ ئوتتۇز گېكتار مەيداندا ئوستۇرۇۋاتقان سورتلۇق كومۇقوناقنىڭ كوكگە قارىغاندا، گېكتارىدىن پىلانىدىكى 25 سېنتنېر ئورنىغا 40 سېنتنېردىن دان ئېلىنىشىغا تولۇق مۇمكىنچىلىك بار.

ئوز مۇخبىرىمىز.

ئۇيغۇر ناھيەسى.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

1993
ژىل
28-ئاۋغۇست
شەنبە
№34
(3688)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 - ژىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى ھەپتىلىك گېزىت

**بۈگۈنكى سانىمىزدا:**

2- بەت
دەۋر تىنىقى
3 - بەت
قۇرئان ھېكايەتلىرى
4 - بەت
«ئىجتىمائىي ئىللەتكە» قارشى كۈرەش
5 - بەت
تۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدە
6-7- بەتلەر
مەشئەل
(رومانىدىن پارچە)
8 - بەت
خەلقى غېمىنى كۈيلىگەن شائىر
9 - بەت
سەن-مېنىڭ تېڭىمسەن تېخى ئاتمىغان
10 - بەت
دادىخاغا مەن باراي
(ۋاقىەلىك ھېكايە)
11 - بەت
ھەشقاللا سىزگە، سەنئەتكارچەمچى
12 - بەت
«يولۋاس» بولۇش يوللىرى

### تەزىيە تېلېگراممىلىرى

دىنمۇخامېت قونايېۋنىڭ مەزگىلسىز ۋاپات بولۇشىغا باغلىق پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييۋنىڭ نامىغا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن رېگىونلىرىدىن ۋە يېقىن شەرىق ئەللىرىدىن تەزىيە تېلېگراممىلىرى كېلىۋاتىدۇ. جۈملىدىن، ئۇزبەكىستان پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموۋ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئاسقار ئاكايېۋ، مەرھۇم ھەر خىل ژىللاردا ئىشلىگەن ۋە بولغان ئەمگەك كوللېكتىۋلىرى تەزىيەلىرىنى بىلدۈردى.

تېلېگراممىلاردا بۇ چوڭ دۆلەت ۋە جەمىيەت ئەربابى، تالانتلىق تەشكىلاتچى ۋە ئالىمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولى ژۇقۇرى باھالىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىنسانىي خىسلەتلىرى تەكىتلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بولۇپمۇ، بەينەلمىلەلچىلىك ئىدىيىللىرىغا سادىقلىق، شوھرەتپەرەسلىك ۋە كونيۇنكتۇرلىق ئىنتىلىشلارغا ياتلىق تەكىتلەنگەن. مەسىلەن، ئىسلام كەرىموۋ ئەۋەتكەن تېلېگراممىدا «قازاق ۋە ئۇزبەك خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. دىنمۇخامېت ئاخمېت ئوغلى قونايېۋنىڭ يارقىن قىياپىتى ئۇزبەكىستان تۇرغۇنلىرىنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ» دېيىلىدۇ.

(قازتاگ).

## دىنمۇخامېت ئاخمېت ئوغلى قونايېۋ



ن. ئە. نازارباييۋ، يې. م. ئاسانباييۋ، س. ئە. ئەبدىلدىن، س. ئا. تېرېششېنكو، ن. ئە. ئەبىكېيېۋ، ب. ئا. ئەشىموۋ، ر. ت. باغلانوۋا، ش. خ. بېكبولاتوۋ، ك. ب. بوزتاييۋ، ۋ. ئا. گرېبېنيۇك، ۋ. ن. دېۋياتكو، س. س. ژىيېنباييۋ، ق. ژ. يېرېژېپوۋ، ئا. س. يېسىموۋ، ئو. ئى. ژېلتكوۋ، ب. ۋ. ئىساييۋ، ن. ئى. ئىسقالىيېۋ، س. ك. كېنېسباييۋ، ق. غ. غوجامىياروۋ، س. م. مۇقاشېۋ، س. ئو. مۇقاشېۋ، ش. مۇرتازا، ۋ. ۋ. نى، ز. ق. نۇرقادىلوۋ، ئا. ك. نۇرپېيىسوۋ، ئې. ر. راخمادىيېۋ، م. ر. ساغىمبېۋ، ئا. س. سەرسېنباييۋ، ئې. ب. سېركباييۋ، د. ف. سنېگىن، ك. ش. سۇلېيمېنوۋ، ئو. ئو. سۇلېيمېنوۋ، ئو. م. سۇلتانغازىن، ق. س. سۇلتانوۋ، ۋ. ب. تېمىرباييۋ، ب. ئا. تولېگېنوۋا، ك. ت. تۇرسوۋ، ئې. پ. شېگولىخىن.

1993-ژىلى 22-ئاۋغۇستتا 82 ياشقا ماڭغان چېغىدا چوڭ دۆلەت ۋە جەمىيەت ئەربابى، تەشكىلاتچى، ئالىم دىنمۇخامېت ئاخمېت ئوغلى قونايېۋ تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى.

د. ئا. قونايېۋ 1912-ژىلى 12-يانۋاردا ئالمۇتا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئەمگەك پائالىيىتىنى 1936-ژىلى موسكۋا رەڭلىك مېتاللار ۋە ئالتۇن ئىنستىتۇتىنى تاماملىغاندىن كېيىن باشلىدى. قازاقىستان رەڭلىك مېتاللۇرگىيەسىنىڭ بىر قاتار كارخانىلىرىدا ئىشلەپ، بۇرغىلاش ستانوكىنىڭ ماشىنىستىدىن چوڭ رۇدا باشقارمىسىنىڭ دىرېكتورىغىچە بولغان يولنى بېسىپ ئۆتتى.

1942-ژىلى د. ئا. قونايېۋ قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار كېڭىشى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. 1952-1955-ژىللاردا ئۇ جۇمھۇرىيەت پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى، 1960-ژىلغىچە مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1960-ژىلى د. ئا. قونايېۋنى قازاقىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى قىلىپ سايلايدۇ. ئۇ جۇمھۇرىيەت پارتىيە تەشكىلاتىنى ئانچە كۆپ ئەمەس ئۈزۈلۈش بىلەن چارەك ئەسىرگە يېقىن، 1986-ژىلى پېنسىيەگە چىققىچە باشقۇرىدۇ. د. ئا. قونايېۋ ك پ س س مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، نۇرغۇن قېتىم چاقىرىلغان س س س ر ۋە قازاقىستان س س ر ئالىي كېڭەشلىرىنىڭ دېپۇتاتى بولغان. ئۇ ئۈچ قېتىم سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى، س س س ر ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئوردېنلىرى ۋە مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۆتكەن ۋاقىت قانچىلىك مۇرەككەپ ۋە قارىمۇ-قارشى بولمىسۇن، دىنمۇخامېت ئاخمېت ئوغلى قونايېۋنىڭ ئىختىساتنى، ئىجتىمائىي ساھانى، ئىلىم-پەننى، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئىشىدا قازاقىستاننىڭ كۆپ مىللەتلىك خەلقى ئالدىدىكى خىزمىتى تالاشسىز.

د. ئا. قونايېۋ ھەقىقىي بەينەلمىلەلچى بولغان، ئۇنىڭ خەلقلەر دوستلۇقىنى كۈچەيتىش، ئىنساننىڭ روھىي ھاياتى، جۇمھۇرىيەتتە ياشاۋاتقان بارلىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئەنئەنىلىرىنى ساقلاش ھەم كۆپەيتىش مەسىلىلىرى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئۇ قازاقىستاننىڭ روسسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قېرىنداش دۆلەتلىرى ۋە باشقا كېڭەش جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن دوستلۇق ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەرسە قىلدى.

دىنمۇخامېت ئاخمېت ئوغلى قونايېۋ چوڭقۇر بىلىمگە، ئەقىل ئىدرەككە ئىگە ئىدى، خەلق ئەنئەنىلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ژۇقۇرى مەدەنىيىتى، ئەدەپلىكلىگى، يېقىملىقى بىلەن پەرىقلىنەتتى. ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىدىن چەتنەپ چوڭقۇر دانالىقىنى كۆرسەتتى، ئۆتكەن سىستېمىنىڭ كامچىلىقلىرىنى كۆپ جەھەتتىن چۈشەندى، ئىسلاھاتلار يولىنى، جەمىيەتنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنىڭ زورۇر ئىكەنلىكىنى قوللاپ-قۇۋەتلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ ۋاقتىنىڭ، ئۇنىڭ ئىدىيىللىرىنىڭ سادىق پەرزەندى بولۇپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا شوھرەتپەرەسلىك ۋە ئەخلاقسىز ئىنتىلىشلاردىن خالى ئىدى، بۇ دائىم ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى پەيدا قىلغان.

بىز د. ئا. قونايېۋنىڭ ۋاپات بولۇشىغا چوڭقۇر قايغۇرىمىز. ئۇنىڭ ئىسمى خەلق خاتىرىسىدە ساقلىنىدۇ.

## مۇشتەرىلار دىققىتىگە

1- سېنتەبىردىن باشلاپ 1994-ژىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا مۇشتەرى توپلاش باشلىنىدۇ.

«ئۇيغۇر ئاۋازىغا» يېزىلىش باھاسى ئالتە ئايغا 3762 سوم. ئىندېكس 65357.

«يېڭى ھاياتقا»- ئالتە ئايغا 1326 سوم. ئىندېكس 65359.

